# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى دەۋردىكى كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇرچ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆزىتىش - تەكشۈرۈشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تولۇق قاپلىشىنىڭ قەرەلىدە تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، «مەسئۇلىيەت ئېڭىزى»نى ياخشى تىرىپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش كېرەك. كۆزىتىش - تەكشۈرۈشنى «شۇجى قۇرۇلۇشى» قىلىپ تۇتۇپ، مۇھىم خىزمەتنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، مۇھىم، زور ئىشنى ئۆزى سورۇشتۇرۇش، مۇھىم ھالقىنى ئۆزى ماسلاشتۇرۇش، مۇھىم مەسىلىنى ئۆزى ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئورۇننى توغرا ئىگىلەش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، نەتىجىدىن ياخشى پايدىلىنىش، ئاساسنى پۇختىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، «پىيانىنو چېلىش»نى ئۆگىنىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شارائىتىدا كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تولۇق قاپلاش ۋەزىپىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتى پىلانىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەپ، تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. مۇنتىزىم، مەخسۇس، جانلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى ئۇنىۋېرسال قوللىنىپ، ئوخشىمىغان ئورۇن، ئوخشىمىغان ساھە، ئوخشىمىغان ئەھۋالغا قارىتا، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، خىزمەتلەرنى جانلىق قانات يايدۇرۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، «نازارەت قىلىش تورى»نى زىچ توقۇپ، نازارەت قىلىشنىڭ بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كۆزىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنى تەكشۈرۈشنى قېلىپلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يېتەكلەپ، شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك، ھەيدەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، شەھەر، ناھىيەلەرنىڭ تەكشۈرۈشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، بىرتۇتاش جىپسىلاشتۇرۇش تۈزۈمى ۋە ماسلىشىش، ھەمكارلىشىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، بارماقنى يىغىپ مۇشت تۈگۈپ، بىرىكمە كۈچنى مۇجەسسەملەشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بەشىنچىدىن، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرنى چىڭ كۆزلەپ، نەتىجىدىن پايدىلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. كۆزىتىلدىغان - تەكشۈرۈلىدىغان پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تۈزىتىش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى، تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ كۈندىلىك نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، نەتىجىدىن پايدىلىنىشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك. ئالتىنچىدىن، «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ بولۇش»تىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. تۈزۈم قۇرۇلۇشى، قوشۇن قۇرۇلۇشى، تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى سىجىل چىڭىتىپ، مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، خىزمەتنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، يەرلىكنىڭ فۇنكسىيەسى، مەسئۇلىيىتى ۋە رايون ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى، كۆزىتىش، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا بايقالغان مەسىلىلەر ۋە باش تېما تەربىيەسىدە تەكشۈرۈلگەن - كۆزىتىلگەن مەسىلىلەرنى تۈزىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى چۆرىدەپ، نازارەت قىلىشنى دەل جايىدا ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇپ، 11 - قېتىملىق كۆزىتىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ۋىلايەتلىك، ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. ھەرقايسى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەسئۇل يولداشلىرى سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، قاتتىق بولۇش باش رىتىمنى باشتىن - ئاخىرغىچە سىڭدۈرۈپ، بارلىق كۆزىتىش كادىرلىرىنى بۇرچ ئېڭى ۋە سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئىدىيە ۋە خىزمەت تەييارلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە كۈچەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش خىزمەت ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىققا باشلامچىلىق بىلەن قارشى تۇرۇپ، ئىنتىزام تۈۋەن چېكىنى قەتئىي ياخشى ساقلاپ، كۆزىتىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تاماملاشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا، باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى، شىنجاڭ داشۆ، ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى تەكشۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى، جىمسار ناھىيەسىدىكى مەسئۇل يولداشلار پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى.

يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى كۆزىتىش ئىشخانىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 11 - قېتىملىق كۆزىتىشىدىكى ھەرقايسى كۆزىتىش گۇرۇپپا ئەزالىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

داۋالاش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

«ھەربىر ھاياتلىق پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدالدى، ئادەمنىڭ ھاياتى، ئادەمنىڭ قىممىتى، ئادەمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى كۆڭۈل قويۇپ قوغدالدى. بۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنىڭ ئەڭ ياخشى شەرھلىنىشى!» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، دوختۇرخانا باشلىقى يۈ ئەيپىڭ مۇنداق دېدى: «يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاساسىي قوشۇن ۋە كەسپىي ئەترەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەيمىز. ھاياتلىقنى قەدىرلەش، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىشتەك كەسپىي روھ ۋە ئىلمىي، ئېھتىياتچان كەسپىي پوزىتسىيە بىلەن، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرىمىز».

«بىز باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنى تۈپ مىزان قىلىپ، خەلقنىڭ ئامانلىقى، ھال - ئەھۋالىنى قەلبكە پۈكۈپ، ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ما جاۋفېڭ مۇنداق دېدى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغانلارغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنى قايتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇكاپات - تولۇقلىمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۆلەش سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى، ئەمدى، يەنە تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۆلەش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تۈرلۈك ئەمگەكچىلەر ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلاردىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىدىن بەھرىلىنىشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق بەھرىلەندۈرىدۇ.

«ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادە كۈچى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق جاپا - مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىشنىڭ كۈچ مەنبەسى.» يەكەن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم ئابدۇغېنى مەمەت مۇنداق دېدى: «بىز ناھىيەمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەڭ قىلىش گۇرۇپپىسىدىن 21نى تەشكىللەپ قۇرۇپ، چېكىنىپ چىقمىغان 173 كەنت ۋە چېكىنىپ چىققان 168 كەنتكە قارىتا بىر ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك رەھبەر + ئىككى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىش تەدبىرىنى قوللاندۇق، نامراتلارنى يۆلەش ۋەزىپىسى بار 225 ئادەتتىكى كەنت (مەھەللە)لەرگە قارىتا بۆلۈم دەرىجىلىك ئىككى كادىرنىڭ كەنتمۇكەنت ھۆددىگە ئېلىپ ئالاقىلىشىپ جەڭ قىلىش تەدبىرىنى قوللاندۇق، 23 مىڭ كادىرنىڭ ‹1+1› ئەندىزىسى بويىچە نامرات ئائىلىلەر، نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئائىلىلەر بىلەن قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش، يۆلەش تەدبىرىنى قوللىنىپ، قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش، يۆلەشنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردۇق. بىز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىمىز».

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى ئىشەنچىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، جەڭگىۋارلىق روھىمىزنى ئۆستۈردى، بىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىگە بولغان ئىشەنچىمىز ۋە غەيرىتىمىز تېخىمۇ ئاشتى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئوتېبېشى يېزىسى يار قوتان كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى شۇ پېيجى مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە، خىزمەت ئەترىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىن ئىبارەت بۇ كۈچلۈك تۇتقىدىن پايدىلىنىپ، يار قوتان كەنتىنىڭ بۇلتۇرقى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، كىشى بېشى كىرىمىنى 12 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزگەنلىكى ئاساسىدا، بۇ يىل كىشى بېشى كىرىمىنى 18 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدا، بىز خەۋپ ئېڭىمىزنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە جەھەتتە قىلچە بوشىشىپ قالماسلىقىمىز كېرەك.» كۈنەس ناھىيەسى كۈنەس بازىرى ئۈچبۇلاق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەلقار سىيتقالى مۇنداق دېدى: بىز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى 100% مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانىنى چىڭ كۆزلەپ، كەنت دەرىجىلىك كۈچلەر ۋە ياردەم بەرگۈچى - يۆلىگۈچى كادىرلارنى ماسلىشىپ جەڭ قىلىشقا تەشكىللەپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجى ۋە ئەمگەك ئىقتىدارى بار نامرات نوپۇسلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇش، ھەر كۈنى كىرىمى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

**(مۇخبىر رىبن خۇا، قاتناشقان مۇخبىرلار لى چۈنشيا، چاۋ جىن، سۇ لۇپېڭ، جاڭ جىلى، خەن چىنيەن، جەزىرە نېسىپبەك، ئىختىيارى مۇخبىرلىرىمىز جاڭ خي، سۈن جېنجېن)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھاتقا تايىنىپ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ تېز شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ئىسلاھاتنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنىڭ ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۈچەپ تېخىمۇ ياخشى مۇھىت يارىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىز پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى؛ كەسپىي مائارىپ ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، زامانىۋى كەسپىي مائارىپ تەربىيەلەش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ «قابىل ھۈنەرۋەنلەر»نى يېتىشتۈرۈشى؛ ئۈچ تىزگىنلەش لىنىيەسىنى بېكىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىلمىي قانات يايدۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ۋە گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇلۇشىنى دۆلەت زېمىن بوشلۇقى كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى؛ پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىدىغان، كارخانا سۇبيېكت بولغان، جەمئىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئاۋام ئورتاق قاتنىشىدىغان زامانىۋى مۇھىت تۈزەش سىستېمىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى؛ ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش مېخانىزمىدا زور كۈچ بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىشتا يېڭىلىق يارىتىش مۇھىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە، كەڭ ساھەلىك پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى بويىچە ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش يېڭى ئەندىزىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشى؛ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىسلاھات خىزمىتىدە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن ئىسلاھات ۋەزىپىسىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئۆزى تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ ۋە پىلانلاپ، ئىسلاھاتنى پۇختا ئالغا سىلجىتىشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس گۇرۇپپىلىرى ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھات ئىشخانىسى ياخشى مەسلىھەتچى، ياردەمچى بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھات خىزمىتىنى تەتقىق قىلىش، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، ھەيدەكچىلىك قىلىش - تەكشۈرۈش، باھالاشنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، پائال قوللاپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشى؛ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان تۈرلۈك ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى قەرەلىدە تاماملاشقا، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

---

## بۇ يىل جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 - قارارلىق)قۇرۇلۇشى 292 مىڭ ئائىلىدىكى ئاھالىگە نەپ يەتكۈزىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ **يۈڭفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، 2020 - يىللىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 - قارارلىق)قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئىدىيەۋى چۈشەنچىنى يەنىمۇ چىڭىتىپ، كۈچىنى توپلاپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىلگىرىلەش سۈرئىتىنى چىڭ تۇتۇپ، 2020 - يىللىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشىنىڭ نىشان - ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىل، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشى جەمئىي ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 24 ناھىيە - شەھەرنىڭ 199 يېزا - بازىرىدىكى 1078 كەنت، 292 مىڭ ئائىلىدىكى ئاھالىگە چېتىلىدۇ؛ پىلانلانغان يۆرۈشلۈك ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇش تۈرى 1079. بۇ يىل يەنە ئۈچ ئايغىمۇ يەتمىگەن قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتى بار بولۇپ، پۈتۈن يىللىق كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى تاماملاش ناھايىتى مۈشكۈل.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: قۇرۇلۇشقا ئالاقىدار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى خەلق ھۆكۈمەت (مەمۇرىي مەھكىمە)لىرى كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش خىزمىتىگە بولغان سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى باشلامچى بولۇپ تۈرنى ماسلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر شىركىتى بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈر تىزىپ، قاتلاملار بويىچە ئالغا سىلجىتىپ، ئۆتكەلگە مەركەزلىك ھۇجۇم قىلىپ، قۇرۇلۇش قىلىشنى تەشكىللەشنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قۇرۇلۇش قىلىش سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە قۇرۇلۇش قىلىش سۈرئىتىنى تېزلىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، توك پار ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلەپ، مەبلەغ توپلاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 - قارارلىق) قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە ھەقىقىي نەتىجە - ئۈنۈم يارىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جارۇللا ھېسامىدىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

## جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئىسىملىكى

**(2020 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

يولداش يى مېيجىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

## جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۇ بيېۋبىڭنىڭ ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارارى

**(2020 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى:

دۇ بيېۋبىڭنىڭ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسلىق ۋەزىپىسىدىن سورىغان ئىستېپاسىغا قوشۇلۇشنى قارار قىلدى.

## جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ گۈلشەن تۇراخۇننىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى قارارى

**(2020 - يىل 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 12 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات - رادىيو - كىنو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى(نەشر ھوقۇقى ئىدارىسى) پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى گۈلشەن تۇراخۇن ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى سادىر قىلغاچقا، «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى نىزامى»نىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن:

گۈلشەن تۇراخۇننىڭ سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش قارار قىلىندى.